# «ئىتتىپاقلىشىپ ئۆزئارا ياردەم بېرىش پارتىيەگە بولغان ئەڭ ياخشى مىننەتدارلىق»

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مومايىنىڭ يېشى بارغانسېرى چوڭىيىپ، ھەرىكىتى قولايسىز بولۇپ قالغانلىقتىن، نەۋرە قىزى رۇقىيەم مەتسەيدى ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن خەت يېزىپ بەردى. «ئەينى چاغدا پەقەت مومامغا ياردەملىشىپ بىر ئارزۇسىنى تاماملاشنى، باش شۇجىغا قۇربانىنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ۋە شىنجاڭ خەلقىنىڭ مىننەتدارلىق قەلبىنى بىلدۈرۈشنىلا ئويلىغانىدىم.» رۇقىيەم مۇنداق دېدى: «مەن مومامغا ئەگەر باش شۇجى جاۋاب خەت يازمىسا، كۆڭلىڭىزنى بەك يېرىم قىلماڭ، دەپ تەسەللى بەرگەنىدىم.» لېكىن موماي قەتئىي ئىشەنچ قىلدى: «خاتىرجەم بولۇڭ، باش شۇجى جاۋاب خەت يازىدۇ! ئۇ بىزنىڭ شىنجاڭغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ، بىز دېھقانلارغا كۆڭۈل بۆلىدۇ».

دەرۋەقە، يېرىم ئاي ئۆتۈپلا، خۇش خەۋەر يېتىپ كەلدى.

2017 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ جاۋاب خەت يېزىپ، ئۇ ۋە ئائىلىسىدىكىلەر ھەم يۇرتداشلارغا سالام يوللىدى ھەم بەخت تىلىدى. جاۋاب خەتنى تاپشۇرۇۋېلىپ، موماي نەۋرە قىزىنىڭ قولىنى تۇتۇپ، ئۇنىڭغا خەتمۇخەت ئوقۇتۇپ ئاڭلىدى. بىر تەرەپتىن ئاڭلىغاچ بىر تەرەپتىن يېشىنى سۈرتتى، «پارتىيەنىڭ مېھىر ـ شەپقىتى تىيانشاندىكى قار لەيلىسىگە ئوخشايدۇ — كۆرگىلى بولىدۇ، ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ».

«ئانامنىڭ بۇنداق ھاياجانلانغانلىقىنى، بۇنداق خۇشال بولۇپ كەتكىنىنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانىكەنمەن.» مومايىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى مەتسەيدى ئەيسا بۈگۈنكى كۈندە پۈتۈڭخۇادا پىكىر ئالماشتۇرالايدىغان بولدى. ئىككى يىل ئىلگىرى، ئۇ تېخى قىزى رۇقىيەمگىلا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جاۋاب خېتىنى ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇتقۇزۇپ ئاڭلايتتى. «مەن ھازىر پۈتۈڭخۇانى كۆپرەك ئۆگىنىپ، دۆلەتتىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆپرەك ئىگىلەپ، ھەر مىللەت خەلق بىلەن تېخىمۇ ياخشى پىكىر ئالماشتۇرۇپ، باش شۇجىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، بوۋام ۋە ئانامغا ئوخشاش، پارتىيەنى قىزغىن سۆيىدىغان، ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغان، جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنى قىزغىن سۆيىدىغان نەمۇنىچىلاردىن بولۇشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن!»

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جاۋاب خېتى كەنتتە پۈتۈڭخۇا ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى قوزغىدى. «بۇ ئىككى يىلدا، تېخىمۇ كۆپلىگەن كەنت ئاھالىسى پۈتۈڭخۇا ئۆگىنىشكە باشلىدى، نۇرغۇن كىشى پۈتۈڭخۇادا ئاددىي پىكىر ئالماشتۇرالايدىغان بولدى.» ئۇرۇقچىلىق مەيدانى كەنتىنىڭ 1 ـ شۇجىسى خەن يۈباۋ ئۆزلۈكىدىن كەنتنىڭ پۈتۈڭخۇا ئوقۇتقۇچىسى بولدى. ھەركۈنى كەچ سائەت 9دا، كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ ئۆگىنىش ئۆيىدىن كەنت ئاھالىلىرىنىڭ نەسرىي شېئىرلارنى ئەگىشىپ ئوقۇغان، پۈتۈڭخۇادا ناخشا ئېيتىشنى ئۆگىنىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.

«كەنتنىڭ ھەر ھەپتىدىكى دۆلەت بايرىقى چىقىرىش مۇراسىمىدا، ياردەم بېرىپ يۆلەشكە ئېرىشكەن نامرات ئائىلىلەر ئۆزىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ھېكايىسىنى سۆزلەيدۇ» دېدى خەن يۈباۋ.

## ■ «ياخشى سىياسەت بولغان ئىكەن، ئۆزىمىزمۇ غەيرەت قىلىشىمىز كېرەك»

«بالىلارنىڭ مەكتەپتە ئوقۇشى ھەقسىز، كەنت ئاھالىلىرى كېسەل كۆرسەتسە داۋالىنىش سۇغۇرتىسى بار، ئۆي سالسىمۇ تولۇقلىما بېرىلىدۇ.» بۈگۈنكى كۈندىكى ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرى توغرىسىدا توختالغاندا، توختىخان قۇرباننىڭ چوڭ ئوغلى، بۇ يىل 58 ياشقا كىرگەن مەتتۇرسۇن ئەيسا پىششىق ئېيتىپ بېرەلەيدىكەن.

ئون ياشقا كىرگەن ئاشۇ يىلى، ئائىلىسى نامرات بولغاچقا، مەتتۇرسۇن ئەيسا مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇيالماي، ئائىلىسىنىڭ تۆمۈرچىلىك دۇكىنىغا ياردەملىشىپ ئىشلەشكە باشلىدى. «نامرات چاغدا ئانام بىر ئادەم سەككىز بالا بىلەن 40 كۋادرات مېتىرغىمۇ يەتمەيدىغان كېسەك ئۆيدە تۇراتتى. ئىنىمنى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتۇش ئۈچۈن، ئانام ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان پەلتوسىنى سېتىۋەتكەنىدى».

2016 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، مەتتۇرسۇن ئەيسا نامراتلارنى يۆلەش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولۇپ، 50 مىڭ يۈەن ئۆسۈمسىز قەرز پۇل ئىلتىماس قىلىپ، تۆمۈرچىلىك دۇكىنىنى كېڭەيتتى. دېھقانچىلىق سايمانلىرى سېتىش، تۆمۈر ئەسۋابلارنى رېمونت قىلىش، تۆمۈرچىلىك ئوچىقىنى كۆپەيتىش... بىرنەچچە يىلدا مەتتۇرسۇن ئەيسا دەسمايىسىنى قايتۇرۇۋېلىپلا قالماي، يەنە 50 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك ساپ كىرىم قىلدى.

قەرز پۇل ئۆسۈمسىز بولۇپلا قالماي، 2018 ـ يىلى ئۇرۇقچىلىق مەيدانى كەنتى يەنە كەنت ئاھالىلىرىگە «نامراتلارنى يۆلەش كالىسى» «نامراتلارنى يۆلەش كەپتىرى» يەتكۈزۈپ بەردى، بۇنىڭدىن مەنپەئەتلەنگەن دېھقانلار ئايرىم ھالدا 180 كىشى ۋە 210 كىشىگە يەتتى. كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى كالا قوتىنى سېلىپ، كەپتەرخانا ياساپ، كارخانىلار بىلەن ئالاقىلىشىپ ھەم كارخانىلارغا مەركەزلىك بېقىشنى ھاۋالە قىلدى، كەنت ئاھالىلىرى پايدا تەقسىماتىغا قاتناشتى، ھەربىر ئائىلە يىللىق كىرىمنى 2000 يۈەن ئاشۇرالايدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ياغاچ ئۆستۈرۈش، يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىقلار ئارقىلىق پۈتۈن كەنتتىكىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 2017 ـ يىلدىكىدىن 13% ئاشتى.

پۇل تاپتى، مەتتۇرسۇن ئەيسا بۇلتۇر كەنت يەسلىسىگە 7500 يۈەن ئىئانە قىلىپ، نامرات ئائىلىلەردىكى بالىلارغا يېڭى ئاياغ ۋە چاپان ئېلىپ بەردى. «بۇ يىل كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىگە 10 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلىشنى ئويلىشىۋاتىمەن. ھۆكۈمەت بىزگە شۇنچە كۆپ ياردەم قىلدى، شۇڭا بىزمۇ جەمئىيەتكە جاۋاب قايتۇرىدىغان ئىشلارنى قىلىشنى ئويلايمىز».

توختىخان قۇرباننىڭ كىچىك ئوغلى ئىمىنجان ئەيسا شەنبەبازار بازىرى ئارىش كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى. بۇلتۇر 12 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن، خىزمەت ئورنى بىلەن ئۆيىنىڭ ئارىلىقى 500 مېتىر كەلمىسىمۇ، ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ئالدىنقى تۆت ئايدا، ئىمىنجان ئەيسا ئۆيىدە ئىككى كېچىلا قونغان، «كەنت ئاھالىلىرى مېنىڭ قۇربان تاغىنىڭ نەۋرىسى ئىكەنلىكىمنى بىلىپ، ماڭا ئىنتايىن ئىشىنىدۇ. باش شۇجى جاۋاب خېتىدە بىزدىن پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە شىنجاڭنىڭ تېخىمۇ گۈزەل ئەتىسىنى ئورتاق يارىتىشىمىزنى تەلەپ قىلدى. پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن كەنتنىڭ ئەھۋالىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، يۇرتداشلارنى ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈرۈشكە يېتەكلەيمەن».

«ياخشى سىياسەت بولغان ئىكەن، ئۆزىمىزمۇ غەيرەت قىلىشىمىز كېرەك، بۇ يىل كەنتتىكى 50 نامرات ئائىلە 120 مو يەرگە باش پىياز تېرىدى، ھەرمو يەردىن تۆت ـ بەش تونىنا ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ، سېتىۋالغۇچى تەرەپ بىلەن باھادا كېلىشىپ قويدۇق، ھەر كىلوگرامىنى 1.2 يۈەندىن ساتىدىغان بولدۇق، بۇنىڭ بىلەن ھەربىر ئائىلە 10 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك كىرىم قىلالايدۇ.» بۇ يىلقى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش پىلانى ئۈستىدە توختالغاندا، ئىمىنجان ئەيسا تولۇق ئىشەنچكە تولدى، كەنت يەنە 145 نامرات ئائىلىگە چۈجە تارقىتىپ بەرمەكچى، بىر يىلدىن كېيىن ھەربىر ئائىلىنىڭ كىرىمگە يەنە نەچچە مىڭ يۈەن قوشۇلۇشى مۇمكىن؛ يەنە 169 مو يەرگە سەبدەگۈل تېرىماقچى، ھەر كىلوگرامى سەككىز مودىن سېتىلسا، يۇرتداشلارنىڭ كىرىمى يەنە كۆپىيىدۇ!

## ■ «بىز تېخىمۇ كۆپ بالىنى بېيجىڭغا ئاپىرىپ ئايلاندۇرۇشنى ئويلايمىز»

«باش شۇجى بىزگە ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. قۇرباننىڭ ئەۋلادلىرى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قەدىرلەش بىزنىڭ قېنىمىزدا ئېقىۋاتقان گەپ، مەن ئىزچىل قانداق قىلغاندا چوڭ دادامغا ئوخشاش تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرگە ياردەم بېرىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ زور كۈچ قوشالايمەن؟ دېگەننى ئويلاپ كەلدىم» باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جاۋاب خېتىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، مەتسەيدى ئەيسا ئۇزاقتىن بۇيان ئويلاپ كەلگەن بىر «چوڭ ئىش»نى قىلىشنى قارار قىلدى.

2017 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، توختىخان قۇربان بىر قېتىملىق ئائىلە يىغىنى ئۇيۇشتۇردى. پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر بىر يەردە ئولتۇرۇپ، زادى قانداق ئىشلارنى قىلغاندا، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جاۋاب خېتىدە دېيىلگەن رىغبەتلەندۈرۈشنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىققىلى بولىدۇ، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى. مەتسەيدى ئەيسا بىر ئائىلە ئاممىۋى مەنپەئەت فوندى تەسىس قىلىپ، مەخسۇس مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش جەريانىدا گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان ھەر مىللەت ئاممىدىن ھال سوراشقا ئىشلىتىش، تېخىمۇ كۆپ نامرات ئاممىغا ياردەم بېرىش تەكلىپىنى بەردى.

«ئانام ناھايىتى قوۋۋەتلەپ، بۇرۇلۇپلا ئۆيگە كىرىپ ئادەتتىكى كۈنلەردە يىغىپ قويغان 3000 يۈەن پۇلنى ئېلىپ چىقتى.» مەتسەيدى ئەيسا ئەسلەپ مۇنداق دېدى: «بىز ھەممىمىز مومايغا ئىئانە قىلمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى دەۋەت قىلدۇق، بىراق ئانام ناھايىتى چىڭ تۇرۇۋالدى، ئۇ پۈتۈن ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن بۇنداق ئەھمىيەتلىك ئىشنى قىلىۋاتقان يەردە، ئۆزىنىڭ چوقۇم قاتنىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى.» جەمەتىمىزدىكى كىچىك قىزچاق پاتىگۈلمۇ چوڭلاردىن ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ ئون يۈەن بايراملىق پۇلىنى چىقاردى. «شۇ كۈنى، ئائىلىدىكىلەر 47 مىڭ يۈەن پۇل توپلىدۇق».

2017 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، «قۇربان تۇلۇم ۋەتەنگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئائىلە ئاممىۋى مەنپەئەت فوندى»نى باشلاش مۇراسىمى قۇربان تۇلۇم خاتىرە سارىيىدا ئۆتكۈزۈلدى، شۇ كۈنى ئىئانە قىلىنغان پۇلنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 200 مىڭ يۈەندىن ئاشتى. شۇ يىلى 6 ـ ئايدا، بېيجىڭنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كادىرى جەي تاۋنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن، فوندى جەمئىيەت جۇڭخۇا بالىلار خەير ـ ساخاۋەت جەمئىيىتى بىلەن ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالاپ، «جۇڭخۇا بالىلار خەير ـ ساخاۋەت جەمئىيىتى قۇربان تۇلۇم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئۆزئارا ياردەم بېرىش مەخسۇس فوندى»نى ئورتاق تەسىس قىلدى. مەتسەيدى ئەيسانىڭمۇ جۇڭخۇا بالىلار خەير ـ ساخاۋەت جەمئىيىتى قۇربان فوندى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، دېگەن يېڭى سالاھىيىتى بار بولدى.

2017 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، قۇربان فوندى جەمئىيىتى بېيجىڭ پىڭگۇ رايونى خۇاڭسۇڭيۈ مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئاممىۋى مەنپەئەت پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار بىر قىز 600 يۈەن ياردەم پۇلنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، يەنە ئۇنىڭ 500 يۈەننى ئالايىتەن قايتۇرۇپ بەردى.

«سىز بۇ پۇلنى تېخىمۇ ئېھتىياجلىق بالىلارغا بېرىڭ.» قىزنىڭ بۇ سۆزى مەتسەيدى ئەيسادىن ئىبارەت بويى ئېگىزلىكى 1.80 مېتىردىن ئاشىدىغان بۇ ئەرنىڭ كۆزلىرىدىن شۇ زامان ئىسسىق ياش ئاققۇزدى، «بىر كىچىك قىزچاقنىڭ ئۆزىدىنمۇ بەكرەك ياردەمگە ئېھتىياجلىق باشقا كىچىك دوستلارنى ئويلىيالىشىدىن مەن مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزۈش ئىشىنىڭ كۈچىنى ھەققىي ھېس قىلدىم، بۇ مېنىڭ ئاممىۋى پاراۋانلىق ئىشلىرىنى ياخشى قىلىش ئىرادەمنى تېخىمۇ چىڭىتتى».

ئۆيدە قالغان بالىلارغا پاختىلىق چاپان سوۋغا قىلىش، يەسلى بالىلىرىنى دۆلەت ئورتاق تىلى دەرسلىكىدىكى كارتون ئوقۇشلۇقى بىلەن تەمىنلەش، دۆلەت تىلى دەرسخانىسى ئېچىش... ھازىرغىچە قۇربان فوندى جەمئىيىتى خوتەن ۋىلايىتىگە نەپ يەتكۈزۈپلا قالماي، يەنە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بېيجىڭ، سەنشى قاتارلىق جايلاردا ئاممىۋى مەنپەئەت پائالىيىتى ئۆتكۈزدى، ياردەم بەرگەن ھەر مىللەت ئاما ۋە ياش ـ ئۆسمۈر، بالا جەمئىي 3600دىن ئاشتى.

«بۇنىڭدىن كېيىن، بىز تېخىمۇ كۆپ بالىنى بېيجىڭغا ئاپىرىپ ئايلاندۇرۇشنى، يەنە بېيدەيخېغا ئاپىرىپ دېڭىزنى كۆرسىتىپ، شىنجاڭلىق بالىلارغا دۆلەتنىڭ گۈزەللىكى ۋە باي ـ قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىمىز.» مەتسەيدى ئەيسا تولۇپ تاشقان ئۈمىد بىلەن مۇنداق دېدى: «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولايلى. ئىتتىپاقلىشىپ ئۆزئارا ياردەم بېرىش پارتىيەگە بولغان ئەڭ ياخشى مىننەتدارلىق!»

(«خەلق گېزىتى»نىڭ 2019 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈندىكى ساندىن ئېلىندى)

# ئۈزۈل ـ كېسىل ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش روھى بىلەن مەسىلىنى تەكشۈرۈپ ـ كۆزىتىپ، تۈزىتىپ ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، پۇختا بولۇشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» توغرىسىدىكى مۇھىم بايانى چوڭقۇر ئۆگىنىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، پارتىيە نىزامنامىسىگە، پارتىيە قائىدىسىگە ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇلۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىگە سېلىشتۇرۇلۇپ، ئۈزۈل ـ كېسىل ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش روھى بىلەن مەسىلىلەر چوڭقۇر تەكشۈرۈلۈپ ـ كۆزىتىلىپ، قاتتىق تۈزىتىلىپ ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، پۇختا بولۇشىغا تۈرتكە بولۇندى.

يىغىندا پارتىيە نىزامنامىسى، «يېڭى ۋەزىيەتتە پارتىيە ئىچىدىكى سىياسىي تۇرمۇشقا ئائىت بىر قانچە مىزان»، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئىنتىزام جازاسى نىزامى» كوللېكتىپ ئۆگىنىلدى. كۆپچىلىك مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما ـ تەلەپلىرى بويىچە قانۇن ـ نىزامغا توغرىلىنىپ، ئۆلچەمگە توغرىلىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خىزمەت تەلىپى بويىچە، ئۆزىنى تەتبىقلاش، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى تەتبىقلاش، خىزمەتنى تەتبىقلاشتا چىڭ تۇرۇپ، بىرمۇبىر سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈپ، مەسىلىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى مەنبەنى تەھلىل قىلىپ، تۈزىتىش تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. باشقا يولداشلار يۈكسەك مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيەسىدە تۇرۇپ سەممىي، راستچىللىق بىلەن ئەسكەرتمە بېرىپ، ئۆزئارا تەنقىدىي پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆزئارا سەمىگە سېلىپ، پېشىنى تارتىپ قويۇپ، ئۆزئارا ئەسكەرتىپ، سەگىتىپ، پەرقلەرنى تېپىش، مەسىلىنى تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىش، ئورتاق ئۆسۈش مەقسىتىگە يەتتى.

شۆھرەت زاكىر خۇلاسە سۆزىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسىگە سېلىشتۇرۇپ پەرقلەرنى تېپىش باش تېما تەربىيەسىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، پۇختا بولۇشىغا تۈرتكە بولۇشتىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم تەدبىر، پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ بىر قېتىملىق ھەر تەرەپلىمە ئۆزىنى تەكشۈرۈشى ـ كۆزىتىشى ۋە خاتالىقنى تۈزىتىشى ھېسابلىنىدۇ. بۇ قېتىمقى مەخسۇس تېملىق يىغىننى پۇرسەت بىلىپ، ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تېخىمۇ ئاڭلىق ھالدا پارتىيە نىزامنامىسىنى ئۆگىنىپ، پارتىيە نىزامنامىسىگە رىئايە قىلىپ، پارتىيە نىزامنامىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە نىزامنامىسىنى قوغداپ، پارتىيە نىزامنامىسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، قانۇن ـ نىزامغا توغرىلىنىش، ئۆلچەمگە توغرىلىنىش جەريانىدا پارتىيەۋىلىك جەھەتتىكى تاۋلىنىشنى كۈچەيتىپ، سىياسىي ئاڭلىقلىقنى ئۆستۈرۈپ، ئۆگىنىشنىڭ نەتىجىسىنى ئۆز خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، كەسىپ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تىرىشىپ پارتىيە نىزامنامىسى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، پارتىيە نىزامنامىسىنىڭ تەلىپى بويىچە تەرتىپلىك ئىش بېجىرىدىغان قويۇق كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھۆكۈمەت پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسىنى باشلامچىلىق بىلەن ئۆگىنىپ، پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسىنى ئۆگىنىشنى ئاساسىي ماھارەت ۋە زۆرۈر دەرسلىك قىلىپ، ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈش جەريانىدا ئېتىقاد «ئاساسىي چېكى»نى مۇستەھكەملەپ، ھەرىكەت «چەك ـ چېگراسى»نى قېلىپلاشتۇرۇپ، تۈزۈم «قىزىل سىزىقى»نى ئايدىڭلاشتۇرۇشى كېرەك؛ پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسىگە باشلامچىلىق بىلەن رىئايە قىلىپ، باشتىن ـ ئاخىر ئىنتىزام ۋە قائىدىنى ئالدىغا قويۇپ، سىياسىي ئېتىقادنى ئۆزگەرتمەسلىك، سىياسىي مەيداندا تەۋرەنمەسلىك، سىياسىي يۆنىلىشتىن ئېغىپ كەتمەسلىكنى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك؛ پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسىنى باشلامچىلىق بىلەن ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەر ۋاقىت قانۇن، ئىنتىزام، تۈزۈم، قائىدە، ئەخلاق ئۆلچىمىنى قەلبتە چىڭ ساقلاپ، مەسىلىلەرنى ھەققىي، ئەمەلىي ھەل قىلىپ، ئەمەلىي ئۆزگىرىش ئارقىلىق ھەر مىللەت ئاممىغا باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى كۆرسىتىشى كېرەك؛ پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسىنى باشلامچىلىق بىلەن قوغداپ، ئۆزىنىڭ بىرىنچى سالاھىيىتىنىڭ كومپارتىيە ئەزاسى، بىرىنچى ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنىڭ پارتىيە ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىكەنلىكىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، قەتئىي ھالدا پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسىنىڭ قەتئىي ئىجرا قىلغۇچىلىرى ۋە سادىق قوغدىغۇچىلىرىدىن بولۇشى كېرەك؛ پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسىنى باشلامچىلىق بىلەن ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتقا ئائىت تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، كىشىلەر قەلبىنى ئەڭ زور چەكتە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، مۇجەسسەملەپ، ھۆكۈمەتنىڭ تۈرلۈك خىزمىتىدە باشتىن ـ ئاخىر باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆرسەتكەن توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلەشكە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

# پارتىيە نىزامنامىسىگە قاتتىق ئەمەل قىلىدىغان ئۈلگىلەردىن بولۇپ، باش تېما تەربىيەسىدە پۇختا نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پارتىيە قائىدىسىگە ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىگە سېلىشتۇرۇپ، مەسىلىگە توغرا قارايدىغان ئاڭلىقلىق ۋە پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىدىغان جاسارەت بىلەن پەرقلەرنى تېپىپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇدىر شاۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم خۇلاسە سۆزى قىلدى.

يىغىندا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» توغرىسىدىكى مۇھىم بايانىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش ئاساسىدا، پارتىيە نىزامنامىسى، «يېڭى ۋەزىيەتتە پارتىيە ئىچىدىكى سىياسىي تۇرمۇشقا ئائىت بىر قانچە مىزان»، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئىنتىزام جازاسى نىزامى» ۋە يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىگە سېلىشتۇرۇپ، مەسىلىگە توغرا قارايدىغان ئاڭلىقلىق ۋە پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىدىغان جاسارەت بىلەن، بىرمۇبىر سېلىشتۇرۇپ، مەسىلىلەرنى ئومۇميۈزلۈك تېپىپ، سەۋەبىنى چوڭقۇر ئانالىز قىلىپ، تۈزىتىش تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. كۆپچىلىك ئۆزىگە تەتبىقلاش، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتكە تەتبىقلاش، خىزمەتكە تەتبىقلاشتا چىڭ تۇرۇپ، بىرمۇبىر تەكشۈرۈپ، تۈرمۇتۈر تېپىپ، ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى قاتتىق، ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، ئۆزئارا تەنقىدنى ھەققىي، ئەمەلىي قانات يايدۇرۇپ، تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەش، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇشنىڭ كۆزلىمە نىشانىغا يەتتى.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: پارتىيە نىزامنامىسىنى مىزان قىلىپ، پارتىيە نىزامنامىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە ئۇنىڭغا قاتتىق ئەمەل قىلىشنىڭ ئۈلگىلىرىدىن بولۇش كېرەك؛ مىزاننى ئۆلچەم قىلىپ، پارتىيە ئىچىدىكى سىياسىي تۇرمۇشنى چىڭىتىشنىڭ ئۈلگىلىرىدىن بولۇش كېرەك؛ نىزامنى چەك قىلىپ، پاك ـ دۇرۇس بولۇشنىڭ ئۈلگىلىرىدىن بولۇش كېرەك؛ يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ ئۈلگىلىرىدىن بولۇپ، باشلامچىلىق بىلەن «تۆت ئاڭ»نى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا بىر پارچە لاياقەتلىك دەۋر جاۋاب قەغىزى تاپشۇرۇشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ئاساسىي لىنىيەسى قىلىشتا باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى كۆزلەش نۇقتىسى ۋە كۈچەش نۇقتىسى قىلىشتا باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، باش نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشنى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى ئۆلچەشتىكى باش ئۆلچەم قىلىش كېرەك. پارتىيەنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىنى چۆرىدەپ، قەتئىي، كەسكىن ھالدا مۇقىملىقنى قوغداپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، نىزام چىقىرىش، نازارەت قىلىش، ۋەكىللەر قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، تېخىمۇ يۇقىرى ئۆلچەم، تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ بىلەن باش تېما تەربىيەسىدە پۇختا نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر جۇ خەيلۇن، لى شۆجۈن، ۋاڭ يۈخمىڭ، پارتگورۇپپا ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر مۇتەللىپ قاسىم، بادەي، گۈلشات ئابدۇقادىر، مانەن زەينەل، سو يۆ يىغىنغا قاتناشتى، مۇئاۋىن مۇدىر دوڭ شىنگۇاڭ يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كېمىنىڭ كۈچى يەلكەندە، ئادەمنىڭ كۈچى قەلبتە بولىدۇ. بىر ـ بىرىنىڭ ھالىغا يەتكەندە، كۆڭۈل بىلەن كۆڭۈلنى ئۇتقاندا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى «قەلب ئاساسى»غا ئىگە بولىدۇ؛ ئۇرۇق ـ تۇغقاندەك يېقىن ئۆتۈپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولغاندا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى «ھەرىكەت كۈچى»گە ئىگە بولىدۇ. باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆپ قېتىم: «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جان تومۇرى» «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىي قىلىپ ئالغا بېسىشنىڭ ئۇل تېشى» دەپ تەكىتلىدى. پامىر ئېگىزلىكىدىن جۇڭغار ئويمانلىقىغىچە، ئالتاي تېغى ئېتىكىدىن تارىم دەرياسى ۋادىسىغىچە، دەل پارتىيەنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ توغرا يېتەكچىلىكىدە، مىللىي رايون ئاپتونومىيە تۈزۈمى ئەمەلىيلىشىپ، ئىتتىپاق ـ ئىناق، ئاۋات ـ باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان بىر گۈزەل يۆگىمە رەسىم شىنجاڭ بېپايان تۇپرىقىدا يېيىلدى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پەقەت ھەر مىللەت خەلق ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشقاندىلا، ۋەتىنىمىز چېگرا رايونىنى ئورتاق قوغدايدىغان، گۈزەل تۇرمۇشنى ئورتاق يارىتىدىغان قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملىگىلى بولىدۇ.

ئىتتىپاقلىق كۈچ، ئىتتىپاقلىق يېڭىمىزدىلا. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، ھەممە كىشىنىڭ زىممىسىدە مەسئۇلىيەت بار، ھەممە كىشى رولىنى زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرالايدۇ. بىر ئۇلۇش نۇر بولۇپ، بىر ئۇلۇش ھارارەت تارقىتىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆز قارىچۇقىمىزنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ھاياتىمىزنى قەدىرلىگەندەك قەدىرلەپ، تىرىشىپ مەدەنىيەت تارقىتىدىغان چىراغ نۇرى، تىل ئالاقىسىنىڭ كۆۋرۈكى، دوستلۇقنى تارقىتىدىغان پوچتا كەپتىرى بولغاندىلا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرىنى جەزمەن جۇڭخۇا زېمىنىدا دائىم پورەكلىتىپ ئېچىلدۇرغىلى بولىدۇ.

(«خەلق گېزىتى»نىڭ 2019 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈندىكى ساندىن ئېلىندى)